(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىشقا ئورۇنلىنىش خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئاساسى، مائارىپ خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئۇلى، كەسپىي مائارىپ قىيىنچىلىقى بار ئائىلىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش، نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى.

شەندەن پىيلى مەكتىپى يېڭى زېلاندىيەلىك مەشھۇر ئىجتىمائىي پائالىيەتچى رېۋى ئاللىي ۋە ئەنگلىيە ئىشچىلار ھەرىكىتى ئاكتىپلىرىدىن خوگ ئەپەندى 1942 ـ يىلى قۇرغان كەسپىي مەكتەپ. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، شەندەن پىيلى مەكتىپى «قول ـ مېڭىنى تەڭ ئىشقا سېلىش، ئىجادىي تەھلىل قىلىش»تەك مەكتەپ باشقۇرۇش ئاساسىي مەقسىتى بويىچە، «جۇڭگونىڭ ئەتىسى ئۈچۈن يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ بېرىش»تەك گۈزەل ئارزۇنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، دۆلەت ئۈچۈن زور تۈركۈم ئەمەلىي قوللىنىشچان تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئالايىتەن بۇ يەرگە كېلىپ تەكشۈردى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ شەندەن پىيلى مەكتىپىگە كۆچلۈك رىشتە باغلىغان، شۇنداقلا چوڭقۇر مۇھەببىتى بار. 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا، پىيلى مەكتىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ قايتا قۇرۇلغان، يولداش شى جۇڭشۈن خۇشاللىق بىلەن تەكلىپكە بىنائەن پەخرىي مەكتەپ مۇدىرى بولغان. باش شۇجى شى جىنپىڭ فۇجيەندە خىزمەت قىلغاندا، كارخانىلارنىڭ بۇ مەكتەپكە ياردەم بېرىشىگە تۈرتكە بولغان. مەركەزگە بېرىپ خىزمەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە مەكتەپنىڭ تەرەققىياتىغا ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن. 2014 ـ يىلى، 2015 ـ يىلى ئۇ يېڭى زېلاندىيە، ئەنگلىيەدە زىيارەتتە بولغاندا، ئاللىي ئەپەندىگە، خوگ ئەپەندىگە يۈكسەك باھا بەرگەن.

بۇ ئۆتكەن ئىشلارنى تىلغا ئالغاندا، شى جىنپىڭ مۇنداق دېدى: «مەن قىلغان بۇ ئىشلارنىڭ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق، ئاز بولسىمۇ كۆڭلۈمنى ئىپادىلىشىم پىيلى مەكتىپىگە بولغان مۇھەببىتىمنى نامايان قىلغانلىق».

ئۇزاقتىن بۇيان، غەربىي شىمال رايونى تەبىئىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، تەرەققىياتتا نىسبەتەن ئارقىدا قالدى. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: رايونلار ئارا تەرەققىيات شارائىتىدا پەرق بار، لېكىن پۇرسەت ئادىللىقى جەھەتتە پەرق بولسا بولمايدۇ. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، بولۇپمۇ كەسپىي مائارىپنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشتا.

جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدا، بۈگۈنكى كۈندە شەندەن پىيلى مەكتىپى تەرەققىي قىلىپ 2000غا يېقىن ئوقۇغۇچىسى بار، 12 كەسپ تەسىس قىلىنغان دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپىگە ئايلاندى.

مەكتەپنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، مەكتەپنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، رېۋى ئاللىينىڭ كونا تۇرالغۇسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئەمەلىي مەشىق ئوقۇتۇش بىناسىغا كىرىپ، ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مېخانىكىلىق پىششىقلاش، ئائىلە جابدۇقلىرىنى ئەقلىي ئىقتىدارلىق لايىھەلەش قاتارلىق كەسپىي ماھارەت ئەمەلىي مەشقىنى كۆردى، ئوقۇغۇچىلاردىن ئۆگىنىش، تۇرمۇش ئەھۋالىنى سورىدى:

«ئۈچ يىللىق ئەمەلىي مەشىق ئارقىلىق قانداق تېخنىكا سەۋىيەسىگە يەتكىلى بولىدۇ؟»

«زاۋۇتقا بېرىپ پىراكتىكا قىلىش پۇرسىتى بارمۇ ـ يوق؟»

«ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن خىزمەتكە قاتنىشامسىلەر ياكى داۋاملىق ئوقۇمسىلەر؟»

مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ شۇ جايدىكى يېزىلاردىن كەلگەنلىكىنى، ئۆگىنىش، تەربىيەلىنىش ئارقىلىق بىرەر ماھارەتنى ئىگىلىگىلى بولىدىغانلىقىنى، ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ ئومۇميۈزلۈك كاپالەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، شى جىنپىڭ ئىنتايىن خۇشال بولدى: «بۇ، كەسپىي تەربىيەلەش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماسلىشىش ئىقتىدارىنىڭ تېخىمۇ كۈچەيگەنلىكىنى، ‹قول ـ مېڭىنى تەڭ ئىشقا سېلىش›تىن ئىبارەت مەكتەپ باشقۇرۇش ئاساسىي مەقسىتىنىڭ ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ».

شى جىنپىڭ كۆپچىلىكنى مۇنداق ئىلھاملاندۇردى: «دۆلىتىمىز ئىقتىسادى ئەمەلىي ئىقتىسادنىڭ تىرەك بولۇشىغا تايىنىشى كېرەك، بۇ، كۆپلىگەن كەسپىي تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرىغا موھتاج، زور تۈركۈمدىكى چوڭ دۆلەت ھۈنەرۋەنلىرىگە موھتاج. كەسپىي مائارىپنىڭ مەنزىلى چەكسىز، ئىستىقبالى پارلاق. 360 خىل ھۈنەر، ھەر ھۈنەرنىڭ باردۇر ئۇستىسى. سىلەرنىڭ ئېسىل ئەنئەنەگە ۋارىسلىق قىلىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تېخىمۇ كۆپ ئەمەلىي ماھارەت ئىگىلەپ، تىرىشىپ دۆلەتكە يارامىلىق، دۆلەت ئېھتىياجلىق ئىختىساسلىقلاردىن بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن سىلەرنى قوللايمەن!»

مەكتەپتىن ئايرىلىدىغان چاغدا، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ ناخشىسىنى ئېيتىپ، باش شۇجى بىلەن كۆزى قىيمىغان ھالدا خوشلاشتى.

گۇلاڭ ناھىيەسى خۇاڭخۇاتەن ئېكولوگىيەلىك كۆچۈرۈش رايونىنىڭ فۇمىن يېڭى كەنتى تىپىك بولغان باشقا جايغا كۆچۈرۈپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىش كەنتى. ئىلگىرى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى جەنۇبىي قىسمىدىكى ئېگىز، ئېچكىرى تاغلىق رايوندا تۇراتتى، تەبىئىي شارائىتى ناچار بولغاچقا، «ئۆز ئادەملىرىنى باقالمىغان» ئىدى. بۈلتۈر يېڭى كەنت قۇرۇلۇشى تاماملاندى، سەككىز يېزا ـ بازاردىن كەلگەن 1300دىن كۆپرەك ئائىلىلىك 4500دىن ئارتۇق ئادەم تاغلىق رايوندىن بۇ يەرگە كۆچۈپ ئورۇنلاشتى.

پاكىز، ئازادە كەنت يولىنى بويلاپ، شى جىنپىڭ يول بويى ماڭغاچ كۆردى. قاتار ـ قاتار قارا كاھىشلىق، ئاق تاملىق يېڭى ئۆيلەر رەتلىك ھەم پاكىز ئىدى، ھەربىر ئائىلىنىڭ ھويلىسىدا گۈل ـ گىياھ ۋە مېۋىلىك دەرەخ، كۆكتات ئۆستۈرۈلگەن بولۇپ، ئىناق، خاتىرجەم، گۈللەپ ياشنىغان مەنزىرە نامايان بولۇپ تۇراتتى.

شۇ جايدىكى كادىرلار باش شۇجىغا مۇنداق دېدى: تاغلىق رايوندىن كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، پۇقرالارنىڭ سۇ ئىچىش قىيىن بولۇش، مەكتەپتە ئوقۇش قىيىن بولۇش، يول يۈرۈش قىيىن بولۇش، داۋالىنىش قىيىن بولۇش قاتارلىق مەسىلىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كەنت «كۆچەلەيدىغان بولۇش، مۇقىم تۇرالايدىغان بولۇش، بېيىيالايدىغان بولۇش» تەلىپى بويىچە، نامرات ئاممىنى باقمىچىلىق ۋە كۆكتات تېرىقچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇشقا زور كۈچ بىلەن يېتەكلىدى ۋە ئۇنى قوللىدى، باشقا جايدىن كۆچۈپ كەلگەن زور كۆپ ساندىكى ئامما نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

مۇشۇ يىللاردا، نامراتلىقتىن ھەقىقىي قۇتۇلدۇرۇش، ھەقىقىي نامراتلارنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، باش شۇجى شى جىنپىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى 14 مەركەزلىك تۇتاش ئالاھىدە نامرات رايوننى ئايلىنىپ چىقتى.

ئۇ يېزىلاردىكى نامرات ئاھالىلەرنى يېمەك ـ ئىچمەكتىن غەم قىلدۇرماسلىق، كىيىم ـ كېچەكتىن غەم قىلدۇرماسلىقتىن ئىبارەت «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق»نىڭ ئاساسىي جەھەتتىن ھەل بولغانلىقىنى، لېكىن مەجبۇرىيەت مائارىپى، ئاساسىي داۋالىنىش، تۇرالغۇ بىخەتەرلىكىدىن ئىبارەت بۇ «ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تە يەنە نۇرغۇن ئاجىز ھالقا ساقلانغانلىقىنى چوڭقۇر بىلەتتى. بۇنىڭغا باش شۇجى ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، تەكشۈرۈش داۋامىدا ئەستايىدىل كۆردى، تەپسىلىي سورىدى.

مەجبۇرىيەت مائارىپى كاپالەتلەندۈرۈلدىمۇ ـ يوق؟

شى جىنپىڭ كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە كېلىپ، ساز ئاۋازىغا ئاساسەن، مۇزىكا سىنىپىغا كىردى.

يازلىق تەتىللىك قىزىقىش سىنىپىغا قاتناشقان ساۋاقداشلار ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە «كىچىك قارلىغاچ»نى چېلىپ ئېيتىشنى ئۆگىنىۋاتاتتى، شى جىنپىڭ بوۋىسىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، خۇشال بولۇپ ئۇنى ئورىۋالدى.

«مەكتەپ يىراقمۇ؟» «چۈشلۈك تاماقنى قەيەردە يەيسىلەر؟» «قايسى دەرسلەر تەسىس قىلىندى؟» شى جىنپىڭ باللارنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش ئەھۋالىنى تەپسىلىي سورىدى.

مەكتەپنىڭ پۈتۈن كەنتتىكى ئوقۇش يېشىدىكى باللارنى باشلانغۇچ مەكتەپ مەجبۇرىيەت مائارىپى بىلەن تەمىنلەپ، باللارنىڭ يېقىن ئەتراپتا ئوقۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرغانلىقى، ھەر كۈنى ئەتىگەندە قۇۋۋەتلىك ناشتىلىق بارلىقى، ئۆيدە قالغان باللارنىڭ يەنە يازلىق تەتىللىك قىزىقىش سىنىپىغا قاتنىشالايدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، باش شۇجى ئۆزلۈكسىز بېشىنى لىڭشىتتى، مەكتەپتىكى مەسئۇل يولداشلارغا باللارنى ياخشى ئوقۇتۇپلا قالماي، يەنە باللارنى ياخشى غىزالاندۇرۇپ، ياخشى چېنىقتۇرۇپ، «بويىنى ئېگىز، تېنىنى ساغلام» قىلىپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك ۋە ئەمگەك جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىلدۈرۈشنى تاپىلىدى.

ئاساسىي داۋالىنىش كاپالەتلەندۈرۈلدىمۇ ـ يوق؟

كەنت پارتىيە ئەزالىرى ـ ئامما مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ خەلققە قولايلىق يارىتىش زالىدا، شى جىنپىڭ خىزمەتچى خادىملاردىن تۈرلۈك ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى ۋە نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش بويىچە كۆچۈرۈلگەندىن كېيىنكى خەلققە قولايلىق يارىتىش مۇلازىمەت تەدبىرلىرىنى سورىدى.

كۆتۈنۈش، تۆۋەن كاپالەت، ئىشقا ئورۇنلىشىش قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، باش شۇجى يەنە مەخسۇس: «كەنتتە قانچە داۋالاش ئۆيى بار؟» «ھەممىسى ئۇنىۋېرسال دوختۇرلارمۇ؟» دەپ سورىدى.

شۇ جايدىكى كادىرلار باش شۇجىغا مۇنداق دېدى: پۈتۈن كەنتتە ئۆلچەملەشكەن كەنت داۋالاش ئۆيىدىن ئالتىسى قۇرۇلدى، ھەممىسىدە لاياقەتلىك كەنت دوختۇرلىرى بار، يېزىلىق شىپاخانىدا يەنە ئۇنىۋېرسال دوختۇرلار بار.

گەنسۇ ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلىرى باش شۇجى شى جىنپىڭغا داۋالاش ئۆيىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ـ كەنت دوختۇرلىرى بوشلۇقىنى تولۇقلايدىغانلىقىنى، 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن كەنت داۋالاش ئۆيى قۇرۇلۇشى مەسىلىسىنى ئومۇميۈزلۈك ھەل قىلىدىغانلىقىنى دوكلات قىلدى.

تۇرالغۇ بىخەتەرلىكى كاپالەتلەندۈرۈلدىمۇ ـ يوق؟

شى جىنپىڭ كەنت ئاھالىسى لى يىڭچۈەننىڭ ئائىلىسىگە كىرىپ، ئۆينىڭ ئىچى ـ سىرتىنى ئارىلاپ، ھويلىنى كۆردى، ئۆيلەرنى كۆردى، ئاشخانىدىكى سۇ جۈمىكىنى ئېچىپ قولىنى چايقىدى، ھاجەتخانىغا كىرىپ تەرەت تۇڭىنىڭ كەيگۈەنىنى بېسىپ كۆردى، يۇرتداشلارنىڭ تۇرالغۇسىنى ياخشىلاش ۋە سۇنى ئۆزگەرتىش، ھاجەتخانىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى...

ئارقىدىن، شى جىنپىڭ لى يىڭچۈەن ئائىلىسىدىكى ئۈچ ئەۋلاد بەش جان كىشى بىلەن مېھمانخانا ئۆيىدىكى سافادا ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتى.

لى يىڭچۈەننىڭ باش شۇجىغا ئېيتىشىچە، ئۇلارنىڭ ئائىلىسى ئەسلىدە خۇاڭلىياڭ يېزىسىنىڭ خۇاڭلىياڭ كەنتىدە ئىكەن، ئاھالىلەرنى كۆچۈرۈش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئۆزلىرى 20 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل غەملەپ، ھۆكۈمەت تولۇقلىمىسى ۋە نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرالغۇ قەرز پۇلىنى قوشۇپ، بۈلتۈر يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرىپ، 90 كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق كاھىشلىق چوڭ ئۆيدە ئولتۇرۇۋېتىپتۇ.

سۆزلەۋېتىپ، لى يىڭچۈەن كۆچۈشتىن ئىلگىرىكى بىر پارچە كونا سۈرەتنى چىقىرىپ باش شۇجىغا كۆرسەتتى، ئىلگىرىكى سېرىق لاي تام، كېسەك ئۆي ھازىرقى يورۇق، پاكىز يېڭى ئۆيدىن ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنەتتى.

«كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇرغىنىڭلاردىن رازى بولدۇڭلارمۇ؟ يەنە قانداق تەلەپلىرىڭلار بار؟» دەپ سورىدى باش شۇجى.

«تەلىپىمىز يوق، ھەقىقەتەن بەك ياخشى!» دېدى لى يىڭچۈەن ھاياجانلانغان ھالدا.

«سىلەر خۇشال بولساڭلار بىزمۇ خۇشال بولىمىز.» شى جىنپىڭ مۇنداق دېدى: «كومپارتىيە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، پۇقرالار ئۈچۈن ئىش بېجىرىدۇ، پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ بەختلىك قىلىش كومپارتىيەنىڭ ئىشى».

پۇقرالارنى ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرۈش پارتىيەمىزنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىنىڭ مەقسىتى ۋە مۇۋەققەسى. گەنسۇ ئۆلكىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىغاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشنىڭ مۇھىملىقىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلىدى: «بىز قانات يايدۇرۇۋاتقان باش تېما تەربىيەسى پارتىيەمىز زادى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان پارتىيەمۇ ـ يوق دېگەننى تەكشۈرىدۇ ـ كۆزىتىدۇ. باشتىن ـ ئاخىر شۇنى ئەستە چىڭ ساقلىشىمىز كېرەككى، بىزنىڭ پاراخوتىمىز خەلق ئاممىسىنىڭ بىپايان دېڭىزىدا كېتىۋاتىدۇ، كېمىنى كۆتۈرىدىغىنىمۇ سۇ، چۆكتۈرىدىغىنىمۇ سۇ، ئەلرايىدىن مەڭگۈ ئايرىلىپ قالماسلىقىمىز كېرەك!»

## ■ يېشىل ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇپ، غەربىي قىسىم ئېكولوگىيە بىخەتەرلىك توسۇقى بەرپا قىلىش

گەنسۇنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئىككى چوڭ تۆۋەن چەك ۋەزىپىسىنىڭ بىرى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش، يەنە بىرى ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى.

«ئۇزۇنغا سوزۇلغان سېرىق توپىلىق ئېگىزلىك، بىپايان ئوتلاق، چەكسىز چۆل ـ جەزىرە، ئاپئاق مۇزلۇق بىر پارچە ھەيۋەتلىك، كۆركەم كۆرۈنۈشنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، پۈتۈن جۇغراپىيەلىك يەر تۈزۈلۈشى گويا قاشتاش رۇيەغلا ئوخشايدۇ».

بۇ يىل مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن مەزگىلىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ گەنسۇ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتنىشىپ، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ خەرىتىسىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقىپ، گەنسۇ تۇپرىقىنى چىن قەلبىدىن: «يېرى كەڭ، تاغ ـ دەريالىرى گۈزەل، تەبىئىي مەنزىرىسى مول، رەڭدار» دەپ تەرىپلىگەنىدى.

باش شۇجى گەنسۇنىڭ غەربىي شىمالغا جايلاشقانلىقىنى ھەم جۇغراپىيەلىك قىياپىتىنىڭ مول، رەڭدار ئىكەنلىكىدەك بىر تەرىپىنىڭ بارلىقىنى، شۇنداقلا ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنىڭ ئىنتايىن ئاجىز ئىكەنلىكىدەك يەنە بىر تەرىپىنىڭمۇ بارلىقىنى چوڭقۇر بىلىدۇ. ئۇ ئىلگىرى گەنسۇنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش توغرىسىدا كۆپ قېتىم مۇھىم تەستىقىي يوليورۇق بېرىپ، «GDP ئەپسۇن چەمبىرىكىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئېكولوگىيەنى ئاسراش ئەپسۇن چەمبىرىكىنى كىيىش»نى ئايدىڭلاشتۇرغانىدى.

قانداق قىلغاندا گەنسۇنىڭ سۇ ـ تۇپرىقىنى ياخشى ئاسراپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى ياخشى قىلىپ، يېشىل ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟

تەكشۈرۈش داۋامىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ يولنى يىراق كۆرمەي، جاپادىن باش تارتماي، نەچچە قېتىملاپ ئاپتوموبىل بىلەن تاغلاردىن ھالقىدى، دەريالاردىن ئۆتتى، داۋانلاردىن ئاشتى، ئوتلاقلارغا كىردى، قۇملۇقلاردىن كېسىپ ئۆتتى، تاغلارنى كۆردى، ئورمانلارنى كۆردى، سۇلارنى كۆردى.

تاغلارنى كۆرگەندە، ئۇ ئۆزى «سوئال چىقىرىپ» ئۆزى «تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى».

ئالتۇن كۆزدىكى جاڭيې شەھىرى شەندەن ئات فېرمىسىدا، ئوت ـ چۆپلەر بولۇق ئۆسكەن بولۇپ، تۇلپارلار چېپىپ يۈرەتتى.

8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ چىليەنشەن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان دامايىڭ ئوتلىقىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، جۇڭنۇڭفا شەندەن ئات فېرمىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ 1 ـ فېرمىسىنى تەكشۈرۈپ، ئات فېرمىسىنىڭ ئىسلاھات ـ تەرەققىياتى ۋە چىليەنشەن تېغىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئاسراش ئەھۋالىنى نەق مەيداندا ئىگىلىدى.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 121 ـ يىلىلا، غەربىي خەن سۇلالىسىدىكى قىران چەۋەنداز جياڭجۈن خو چۈبىڭ ھونلارنى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن مۇشۇ جايدا ئەسكەر توپلاپ، ئات ـ ئۇلاغ باققان. بۈگۈن بۇ جاي ئومۇمىي كۆلىمى 3 مىليون مودىن ئاشىدىغان ئوتلاق، تېرىلغۇ يەر، ئورمانلىققا تايىنىپ، كۆپ خىللاشقان ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك، تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈملۈك ماس تەرەققىياتقا قاراپ تىرىشماقتا.

شى جىنپىڭ ئوتلاققا كىرىپ، ئوتلاقنىڭ ئومۇمىي قىياپىتى ۋە يىلقىلارنىڭ بېقىلىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى، ئات فېرمىسىدا ئات بېقىۋاتقان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بىلەن سەممىي پىكىر ئالماشتۇردى.

ئانچە يىراق بولمىغان يەردە، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 4000 مېتىردىن ئاشىدىغان چىليەنشەن تاغ تىزمىسى ھەيۋەتلىك تاغ گەۋدىسى ئارقىلىق تىنچ ئوكياندىن كەلگەن ئىللىق نەم ھاۋا ئېقىمى تەركىبىدىكى سۇ پارىنى توسۇپ ۋە ساقلاپ، ئۇنى مول، يېتەرلىك قار ـ مۇز سۈيىگە ئايلاندۇرۇپ، خېشى كارىدورىدىكى مۇنبەت تۇپراقنى سۇغىرىپ، دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونىدىكى ئەڭ ئاساسلىق تاۋار ئاشلىق ۋە ئىقتىسادىي زىرائەت ئىشلەپچىقىرىش رايونىنى بەرپا قىلغانىدى.

ھالبۇكى، دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى مۇھىم ئېكولوگىيە بىخەتەرلىك توسۇقى بولغان چىليەنشەن تېغىنىڭ قىسمەن ئېكولوگىيەسىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش مەسىلىسى بىرمەھەل ئىنتايىن گەۋدىلىك بولدى.

بۇنىڭغا قارىتا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىلگىرى كۆپ قېتىم مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، قەتئىي تۈزىتىشنى تەلەپ قىلغانىدى. 2017 ـ يىلى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىدىن تەشكىللەنگەن مەركەز نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بۇ ھەقتە مەخسۇس نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىندا مەخسۇس نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى ھەم مۇناسىۋەتلىك مەسئۇل كىشىلەر قاتتىق بىر تەرەپ قىلىندى.

ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى، مەركەزنىڭ تەلىپى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدىمۇ ـ يوق؟ چىليەنشەن تېغىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى قانداقراق؟ باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆزى كېلىپ «تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى».

چوڭ ئوتلاقتا تۇرۇپ، چىليەنشەن تېغىغا يىراقتىن نەزەر سالغىنىچە، باش شۇجى نەق مەيداندا گەنسۇ ئۆلكىلىك پارتكومدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى.

114 كانچىلىق ھوقۇقىنىڭ ھەممىسى چېكىندۈرۈلدى، قىسمەن سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىنى تاقاش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، مەركىزىي رايوندىكى ئاھالىلەر پۈتۈنلەي چېكىندۈرۈلدى... مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان تۈزىتىش ۋەزىپىسىنىڭ ئاساسەن ئورۇندالغانلىقىنى، چىليەنشەن تېغىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئاسراش خىزمىتىدە باسقۇچلۇق نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، شى جىنپىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ مۇنداق دېدى: «بۇ يىللاردا چىليەنشەن تېغىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى ئاسراشتا قالايمىقانچىلىقنى تۈزەشنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمى زور بولدى. گەنسۇنىڭ ئېكولوگىيەنى ئاسراش خىزمىتىدە يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنىڭ تەلىپى گەۋدىلەندۈرۈلدى، داۋاملىق ئالغا سىلجىتىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن».

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ شۇ جايدىكى كادىرلارنى مۇنداق ئەسكەرتتى: «بىز تەرەققىي قىلىپ بۇ باسقۇچقا كەلگەندە، تاۋۇز شاپىقىغا دەسسەپ تېيىلىپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك، بەلكى داۋاملىق داۋاندىن ئېشىپ ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك، شۇندىلا سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغ بايلىققا ئايلىنالايدۇ».

ئورماننى كۆرگەندە، ئۇ يوچۈگۈنى ماختاپ، نەمۇنىچىلارنى رىغبەتلەندۈردى.

خېشى كارىدورى ئۇزاق يىللاردىن بۇيان چىليەنشەن تېغىدىكى قار ـ مۇزلارنىڭ ئېرىگەن سۈيىدىن ئوزۇق ئالدى، لېكىن ئەتراپى قۇرغاق، يامغۇر ئاز ياغىدىغان، قاقاس ئېدىرلىق ۋە قۇملۇق زىچ تارقالغان كەڭ رايون بولۇپ، تار، ئۇزۇن بوستانلىق ھەر ۋاقىت يىمىرلىش، ھەتتا يوقىلىپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەنىدى.

گەنسۇنىڭ قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش، قۇمنى تىزگىنلەش ھەم ئېكولوگىيەنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىگە باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. 2013 ـ يىلىلا، ئۇ مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، بادەنجىرىن ۋە تېڭگىردىن ئىبارەت ئىككى چوڭ قۇملۇق ئارىسىدىكى بوستانلىق — گەنسۇ ئۆلكىسى مىنچىن ناھىيەسىنىڭ ئىككىنچى لوپنۇر بولۇپ قالماسلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلغانىدى.

مىنچىنغا يېقىن گۇلاڭ ناھىيەسىمۇ مەملىكەت بويىچە چۆللىشىشنى نۇقتىلىق كۆزىتىدىغان ناھىيەلەرنىڭ بىرى، چېگراسى ئىچىدىكى قۇملىشىپ كەتكەن يەر كۆلىمى 2 مىليون مودىن ئاشىدۇ، قۇم ـ بوران لىنىيەسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 130 نەچچە كىلومېتىرغا يېتىدۇ.

8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى چۈشكە يېقىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ شېغىل يولدا يول بويى چايقالغىنىچە گۇلاڭ ناھىيە بازىرىغا 30 كىلومېتىر كېلىدىغان بابۇشا ئورمانچىلىق مەيدانىغا كېلىپ تەكشۈردى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

ئورمانچىلىق مەيدانىغا كىرىپ، ساپسېرىق قۇملۇقتا پارچە ـ پارچە يېشىللىق پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىنتايىن خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: «جۇڭگو دۇنيا بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ سۈنئىي ئورمان بەرپا قىلىپ، پۈتۈن يەر شارى ئېكولوگىيەسىنى ئاسراشقا غايەت زور تۆھپە قوشتى. بولۇپمۇ، پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، يېشىل تەرەققىيات قارىشى كىشىلەر قەلبىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئورۇن ئالدى».

بابۇشا ئورمانچىلىق مەيدانى تېڭگىر قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان، ئىلگىرى بۇ يەردە توختىماي قۇم ـ بوران ئۇچۇپ تۇراتتى، يىلىغا 7.5 مېتىر سۈرئەت بىلەن ئېتىز ـ ئېرىق، كەنتلەرنى يۇتۇۋالغاندى، «كۆز شاملى ئېتىزلارنى ئۇچۇرۇپ قۇرۇقداپ قوياتتى، باھار شاملى كاللارنى ئۆلتۈرۈپ قوياتتى».

20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا، شۇ جايدىكى ئالتە بوۋاي ھۆددە توختامىغا بارماق بېسىپ، چاچلىرىنىڭ ئاقىرىشى بەدىلىگە بوستانلىقنى قايتۇرۇپ كېلىشكە قەسەم قىلدى. 38 يىلدىن بۇيان، «ئالتە بوۋاي» ۋەكىللىكىدىكى بابۇشا ئورمانچىلىق مەيدانىدىكى ئۈچ ئەۋلاد ئىشچى ـ خىزمەتچى ئۇدا كۈرەش قىلىپ، «قۇم ئادەمنى قىستاپ چېكىندۈرۈش»تىن «ئادەم قۇمنى چېكىندۈرۈش»تەك يېشىللىق سەھىپىسىنى پۈتۈپ چىقتى.

ئانچە يىراق بولمىغان يەردە، ئورمانچىلىق مەيدانىدىكى بىرنەچچە ئىشچى ـ خىزمەتچى «كاتەكچىلەپ ئوت ـ چۆپ ئۆستۈرۈپ قۇمنى باستۇرۇش» مەشغۇلاتى قىلىۋاتاتتى، شى جىنپىڭ بېرىپ، ئۇلاردىن قۇم باستۇرۇشتا كونكرېت قانداق مەشغۇلات قىلىدىغانلىقىنى، ھەر مو يەرگە قانچىلىك مەبلەغ كېتىدىغانلىقىنى، قانداق رول ئوينايدىغانلىقىنى سورىدى ھەم چۈنەك ئېچىش ساپىندىن بىرنى قولىغا ئېلىپ، ئۇلار بىلەن بىللە ئىشلەپ كەتتى. بىردەمدىلا قۇملۇقتا ئىككى مېتىردىن ئارتۇق ئۇزۇنلۇقتىكى تۈز چۈنەك ئېچىلدى.

«ئالتە بوۋاي»نىڭ ئىچىدىكى گو چاۋمىڭ بوۋاينىڭ ئوغلى گو ۋەنگاڭ قۇمنى تىزگىنلەپ ئورمان بىنا قىلغۇچىلارنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن نەق مەيداندا بار ئىدى. ئۇ باش شۇجىغا دەل مۇشۇنداق ئادەم كۈچى ئەمگىكى مەشغۇلاتىغا تايىنىپ، «بىر تۈپ دەرەخ، بىر تۇتام ئوت ـ چۆپ بىلەن قۇمنى باستۇرۇپ بوراندىن مۇداپىئەلەنگەنلىكى»، ئۈچ ئەۋلاد كىشىنىڭ جەمئىي 200 مىڭ مودىن ئارتۇق قۇمنى تىزگىنلەپ ئورمان بىنا قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئارقىدىن، شى جىنپىڭ بازىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى پەيتىدە، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش دەل ۋاقتىدا بولدى، ئەھمىيىتى مۇھىم، زور. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىرادىسى، مەقسىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىپ، خىلمۇخىل شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى يېڭىش كېرەك. مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىيەتكە زىچ يېقىنلىشىپ مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ تېپىپ چىقىپ، مەسىلىلەرنى ھەقىقىي، ئەمەلىي ھەل قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ پۇختا تەييارلىق قىلىپ، دائىم تەييار تۇرۇپ بوشاشماي، بىرەر ئىش بولۇپ قالسا ئاتلىنالايدىغان، غەلىبە قىلالايدىغان بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئەمەلىي جەڭ ئەمەلىي مەشقىدە، بىرلەشمە جەڭ بىرلەشمە مەشقىدە چىڭ تۇرۇپ، قارشىلىشىشچانلىقنى، قاراتمىلىقنى، ماسلىشىشچانلىقنى ئىگە مەشقنى كۈچەيتىپ، مەشىق سۈپىتى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئۇرۇش ئارقىلىق قۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش، مەشىق ئارقىلىق قۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇرۇش قىلىش كۈچى ۋە كاپالەتلەندۈرۈش كۈچى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش، ئارمىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، دائىملىق ئىدىيەۋى خىزمەت ۋە دائىملىق باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، قىسىمنىڭ يۈكسەك مەركەزلەشكەن بىرلىككە ۋە پاك، مۇستەھكەملىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، قىسىمنىڭ بىخەتەرلىكى، مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. قاتتىق باشقۇرۇش بىلەن كۆيۈنۈشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەسكەرلەرنى چىن ھېسسىيات بىلەن يېتەكلەپ، ئەسكەرلەرنى مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن يېتەكلەپ، قىسىمنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. خىزمەتنىڭ ئېغىرلىق مەركىزىنى ئاساسىي قاتلامغا قويۇپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ فۇنكسىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرىلىشى، ئومۇميۈزلۈك قاتتىق سىناقتىن ئۆتەلەيدىغان بولۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىكلەر تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنى غەم ـ ئەندىشىدىن خالاس قىلىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىپ، كەڭ ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشقا ئىلھام بېرىشى كېرەك.

شۈ چىلياڭ قاتارلىقلار پائالىيەتكە قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھازىر شەرقىي شىمالىي ئاسىيا رايونى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنىڭ پايدىلىق شارائىتى ئۆزلۈكسىز توپلانماقتا. بۇ نۆۋەتلىك كۆرگەزمە «ئۆزئارا ئىشىنىش، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، شەرقىي شىمالىي ئاسىيانىڭ گۈزەل يېڭى كەلگۈسىنى يارىتىش»نى باش تېما قىلىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ رايوننىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بولغان بىردەك ئىنتىلىشىنى ئەكس ئەتتۈردى. ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى، ئاپپاراتلار ۋە كارخانا ۋەكىللىرىنىڭ بۇ سۇپىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەپ، ھەمكارلىقنى ئالغا سىلجىتىپ، نەتىجىلەرنى كېڭەيتىپ، قول تۇتۇشۇپ شەرقىي شىمالىي ئاسىيانىڭ يېڭى گۈزەل كەلگۈسىنى يارىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.